# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ جۈرئىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، يەنە بىرسىنىڭ ئۆزىنىڭ قوۋمىگە ياكى يۇرتىغا تەئەسسۇپلۇق قىلىش ئۈچۈن ۋە يەنە بىرسىنىڭ ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقانلىقى توغرۇلۇق سورالدى

ئەبى مۇسا ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ جۈرئىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، يەنە بىرسىنىڭ ئۆزىنىڭ قوۋمىگە ياكى يۇرتىغا تەئەسسۇپلۇق قىلىش ئۈچۈن ۋە يەنە بىرسىنىڭ ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقانلىقى، يەنى ئۇلارنىڭ قايسى بىرسى ئاللاھ يولىدا بولىدۇ؟ دەپ سورىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىمكى ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشسا، شۇ ئاللاھ يولىدا بولىدۇ، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: بىر كىشى كاپىر بىلەن ئۇرۇشقان بولسا، ئەمما ئۇنى ئۇرۇشقا ئۈندىگەن سەۋەب؛ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ شۇجائىتىنى ۋە ياۋنىڭ ئالدىغا چىقالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىرسى ئۇرۇۋېشۇپتۇ، ئۇنىڭ سەۋەبى: ئۆز قوۋمىنى ياكى ۋەتىنىنى ھىمايە قىلىش بولسا، يەنە بىرسى ئۇرۇۋېشۇپتۇ، ئۇنىڭ سەۋەبى: ئۆزىنى ماختاشقا ۋە ئۇلۇغلاشقا لايىق بولغان، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىدلارنىڭ قاتارىدىن بولغانلىقىنى باشقىلارغا نامايەندە قىلىش بولسا، يۇقىرىدىكى ئۈچ تۈرلۈك جەڭچىلەرنىڭ قايسى بىرى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ئەڭ قىسقا ۋە چوڭقۇر مانالىق بىر ئىبارە بىلەن جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېدى: كىمكى ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشسا، شۇ ئاللاھ يولىدا بولىدۇ، ئۇندىن باشقىسى ئاللاھ يولىدا ئەمەس. چۈنكى ئۇ باشقا بىر مەقسەتتە ئۇرۇش قىلدى. ئەمەل-ئىبادەتلەر نىيەتنىڭ توغرا ياكى خاتا بولۇشىغا باغلىق. بۇ قائىدە، پۈتۈن ئەمەل-ئىبادەتلەرگە ئومۇمىدۇر، دېمەك ھەرقانداق ئىبادەتنىڭ توغرا ياكى خاتا بولۇشىنىڭ نەتىجىسى نىيەتكە باغلىقتۇر. بۇھەقتە ئىنتايىن كۆپ دەلىللەر مەۋجۇت

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/2969